# 23424 - رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەۋاتقان كىشىنى كۆرگەندە ئاگاھلاندۇرۇش كېرەكمۇ؟

## سۇئال

سوئال:
بەزى كىشلەر، رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەۋاتقان ياكى ئىچىۋاتقان مۇسۇلمان كىشلەرنى كۆرگەندە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەسلىك كېرەك، چۈنكى ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك؛ ئۇ كىشگە ئاللاھ يېمەك - ئىچمەك ئاتا قىلدى دەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى توغرىمۇ؟ .

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھغا خاستۇر.
كىمكى رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئۇنتۇپ قىلىپ بىر نەرسە يەپ- ئىچىۋاتقان ياكى ئىپتار قىلىشقا سەۋەپ بولىدىغان باشقا ئىشلارنى قىلىۋاتقان مۇسۇلمان كىشنى كۆرگەندە دەرھال ئۇ كىشگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قىلىۋاتقان ئىشىدىن چەكلەش كېرەك، رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئاشكارا ھالەتتە بۇنداق ھەرىكەتلەردە بولۇش چەكلىنىدۇ، گەرچە ئۇنداق قىلغان كىشى ئۇنتۇلۇپ قىلىش بىلەن ئۆزرۈلۈك بولسىمۇ، لېكىن باشقا كىشلەرنىڭمۇ رامزاننىڭ كۈندۈزدە ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېگەننى باھانە قىلىپ ئاللاھ چەكلىگەن ھارام ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېگەن سۆزدە سەمىمى بولسا ئۇ كىشگە بۇ كۈننىڭ روزىسىنى باشقا تۇتۇش لازىم كەلمەيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:**« كىمكى ئۇنتۇپ قېلىپ بىرەر نەرسە يەپ قويغان ياكى ئىچىپ قويغان بولسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن، ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يېمەك ۋە ئۇسسۇزلۇق بەرگەنلىكىدۇر»**.بىرلىككە كەلگەن ھەدىس .
شۇنىڭدەك مۇساپىرلارنىڭ )يەنى سەپەر ئۈستىدىكى كىشلەر( ئېغىز ئىچىشىغا دىنىمىزدا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن سەپەر جەريانىدا ياكى بىرەر جايغا چۈشكەندە كىشلەر ئارىسىدا ئوچۇق- ئاشكارا بىر نەرسلەرنى يەپ - ئىچىشى ۋە روزىدارلارنىڭ قىلىشى چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشى توغرا ئەمەس.
مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياشاۋاتقان باشقا مىللەت(كافىرلار) نىڭمۇ ئوچۇق- ئاشكارا بىر نەرسلەرنى يەپ - ئىچىشى توغرا ئەمەس ھەم چەكلىنىدۇ، چۈنكى كاپىرلارمۇ ئىنسان بولغانلىقى تۈپەيلى ئىنساني ئەخلاق بىلەن ئىلىپ ئىيتقاندا، ئېتىقادچىلارنىڭ دىنى

پائالىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنى ئىشلارغا سەل قارىماسلىق ئۈچۈن بولۇپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان غەيرى دىندىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىدا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشى ۋە باتىل دىنى پائالىيەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە زىت ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلىنىدۇ.

شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالىرى توپلىمى 4-توم 254-بەت.